# شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەر خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتارلىقلار قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىرۇي خەۋەر قىلىدۇ: گۈل ئارقىلىق قەھرىمانلار - قۇربانلارنى ياد ئېتىش، ئابىدە ئارقىلىق ساداقەتمەنلىك روھىغا تەسەللىي بېرىش. 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىرى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە كادىرلار، ئامما ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ مول تۆھپىلىرى، ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىنقىلاب روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت - بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆرسەتكەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش قەتئىي ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

ئۈرۈمچى خەلق مەيدانى ھەيۋەتلىك سۈكۈتكە چۆمگەنىدى، قىپقىزىل بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق شامالدا يەلپۈنەتتى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش خاتىرە مۇنارى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لىيۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۈ خەيرۇڭ مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

سائەت 9دا، خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى رەسمىي باشلاندى. ھەيۋەتلىك، ياڭراق «پىدائىيلار مارشى» ئورۇنلىنىشى بىلەن، پۈتۈن مەيداندىكىلەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرىنى تەكشى، ئۇنلۇك ئېيتتى، جاراڭلىق، كۆتۈرەڭگۈ مېلودىيە مەيدان ئاسمىنىدا جاراڭلىدى.

دۆلەت شېئىرى ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەيداندىكىلەر سۈكۈتتە تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئازادلىق ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا باتۇرلارچە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىدە باتۇرلارچە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈردى.

تەزىيە بىلدۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھەر مىللەت ئۆسمۈرلەر - باللار خاتىرە مۇنارىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ «بىز كوممۇنىزم ئىزباسارلىرى»نى ئۇنلۇك ئېيتتى ھەم پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت سالىمىنى بەردى.

چاسا سەپنىڭ ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئامما، جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتى نامىدا تەقدىم قىلىنغان توققۇز گۈل سېۋىتى قاتار تىزىلغانىدى. گۈل سېۋىتىنىڭ قىزىل لېنتىسىدا «خەلق قەھرىمانلىرى مەڭگۈ ھايات» دېگەن ئالتۇن رەڭلىك چوڭ خەتلەر چاقناپ تۇراتتى.

چوڭقۇر ھېسسىياتلىق گۈل تەقدىم قىلىش مۇزىكىسىغا ئەگىشىپ، 18 ھۆرمەت قاراۋۇلى گۈل سېۋەتلىرىنى سىلىق كۆتۈرۈپ ئاستا قەدەم بىلەن خاتىرە مۇنارى ئالدىغا كېلىپ، گۈل سېۋەتلىرىنى خاتىرە مۇنارىنىڭ ئۇل تەكچىسىگە قويدى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لىيۇ ۋەنلۇڭ قاتارلىقلار ئارقىدىن خاتىرە مۇنارى ئۇل تەكچىسىگە چىقىپ، گۈل سېۋىتى ئالدىدا توختاپ، خېلى ئۇزاق سۈكۈتتە تۇردى، گۈل سېۋىتىدىكى لېنتىلارنى كۆڭۈل قويۇپ تۈزەشتۈردى. ئارقىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ھەم شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىرى، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى كادىرلار، ئامما ئاستا قەدەم بىلەن خاتىرە مۇنارىنى ئايلىنىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش خاتىرە مۇنارىغا ئېھتىرام بىلدۈردى.

ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى كادىرلار، ئامما مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۈگۈندىكى بەختلىك تۇرمۇش سان - ساناقسىز ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن، جەزمەن قەھرىمانلار - قۇربانلارنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىنقىلاب روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ كۈچ ئېلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، پۇختا خىزمەت قىلىپ، ھەربىر ئاددىي ئىشنى پۇختا، ياخشى قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمغا قاتناشتى.



9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىرى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە كادىرلار، ئامما ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى.

□ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

# ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل دەۋر سەھىپىسى پۈتىمىز

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

**گېزىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى** 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى مۇساپىدە يېڭى بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىپ، تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل دەۋر سەھىپىسى پۈتىمىز.

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانلىقىمغا ھازىرغىچە ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. شۇ چاغدا مەن ئىنتايىن ھاياجان بىلەن ياش تۆككەندىم. مەن چوقۇم باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، يۇرتۇمدىكى تېخىمۇ كۆپ يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى گۇاڭدۇڭغا بېرىپ ئىشلەشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە تۆھپە قوشىمەن» دېدى تەكلىپكە بىنائەن كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشقان گۇاڭدۇڭ دۇڭگۇەن لۇجوۇ ئاياغچىلىق چەكلىك شىركىتى ئاياغ يۈزلۈكى تىكىش سېخى 10 - گۇرۇپپىسىنىڭ كىچىك گۇرۇپپا باشلىقى پاشاگۈل كېرەم.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ئىتتىپاقلىق تۆمۈر، ئىتتىپاقلىق پولات، ئىتتىپاقلىق كۈچ. ئىتتىپاقلىق جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىپ، ئۈزلۈكسىز غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە مېڭىشىدىكى مۇھىم كاپالەت.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭى تەتقىقات ئىشخانىسى ئۈچۈر باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لى فاخې مۇنداق دېدى: يېڭى مۇساپىدە، بىز ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئەڭ زور چەكتە قوزغاپ، ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغانلىكى بارلىق كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ زور چەكتە كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەيمىز، كۈچنى مۇجەسسەملەيمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ما ۋېنخۇا مۇنداق دېدى: باش شۇجىنىڭ سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشتە مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، تەزكىرە تۈزۈشنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تارىخنى بىۋاسىتە خاتىرىلەپ، ياخشىلىقنى نامايان قىلىپ كەيپىياتقا يېتەكچىلىك قىلىپ، دەۋرىمىزدە ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىشنى پايدىلانما بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ساقلىغۇدەك، ئۆرنەك قىلغۇدەك خاتىرىلەرنى قالدۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئۈچۈن كۈچلۈك تارىخىي دەلىل - ئىسپات ۋە ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى شاۋخېي مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، شەرقىي جۇڭغار تەرەققىيات رايونىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا بولغان ئىشەنچىم تېخىمۇ تولۇپ تاشتى، چوقۇم تەرەققىيات رايوندىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، شەرقىي جۇڭغار تەرەققىيات رايونىنى تىرىشىپ زامانىۋى كۆمۈر ئېلېكتىر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتىدىكى كەسىپتە يېڭىلىق يارىتىدىغان تەرەققىيات رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

شىنجاڭ داشۆ ماشىنسازلىق قۇرۇلۇشى شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى زورىگۈل راخمان دۆلەت بايرىمىلىق كۈتۈۋېلىش يىغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق بىلدۈردى: «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش شەرەپلىك بۇرچنى زىممىمىزگە ئېلىپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، نەزەرىيە ئاساسىمىزنى پۇختىلاپ، بىلىم ئاساسىمىزنى ياخشى سېلىپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز».

**(مۇخبىرلىرىمىز شى شىن، يۈەن لېي، لى ياڭ، ياڭ شۇخەن، ما يىنىڭ، مېھرىگۈل ناسىر، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز چېن جۇڭ يازغان)**

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما مۇنداق بىلدۈردى ——

# قەھرىمانلار - قۇربانلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىمىز كۈرەش قىلىش كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز

دۆلەتنىڭ بېيىشى، قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ بەختى ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ئەڭ زور تەسەللىي بەرگەنلىك؛ تارىخنى ئۇنتۇماي، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ئەڭ ياخشى خاتىرىلىگەنلىك. 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما مۇنداق بىلدۈردى: ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئېتىقادنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

### تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاش قەھرىمانلارنى قەدىرلەش

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقان پەيتتە، بىز مىللىي مۇستەقىللىق، خەلقنىڭ ئازادلىقى، دۆلەتنىڭ بېيىشى، قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان ئاشۇ خەلق قەھرىمانلىرىنى ئەستە تېخىمۇ چىڭ ساقلايمىز، گەرچە بىز نۇرغۇن قەھرىماننىڭ ئىسمىنى بىلمىسەكمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىش ئىزىنى ئەستە چىڭ ساقلايمىز.» ئالتاي ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۈي شۆبىن گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىنىڭ بىۋاسىتە تارقىتىلىشىنى تېلېۋىزوردىن كۆرگەندىن كېيىن، ئۇزاققىچە ھاياجىنىنى باسالمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەھرىمانلارنى قەدىرلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز».

«ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈش ھەم ئىنقىلابىي قەھرىمانلار - قۇربانلارنى ياد ئەتكەنلىك، غايە - ئېتىقادنى ئەۋج ئالدۇرغانلىق، ھەم پۈتكۈل جەمئىيەتتە قەھرىمانلارنى قەدىرلەيدىغان، قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىدىغان، قەھرىمانلارنى قوغدايدىغان، قەھرىمانلارغا كۆيۈنىدىغان قويۇق كەيپىيات ياراتقانلىق. بىز ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن قەھرىمانلار - قۇربانلار قالدۇرغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىققا ۋارىسلىق قىلىمىز» دېدى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي جيا جيەنيۇ ھاياجانلانغان ھالدا.

«بىز ھازىر ئېرىشكەن تىنچ گۈزەل تۇرمۇش سان - ساناقسىز ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن، دۆلەت ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ھەربىر ئىنقىلابىي قۇربان ئەستە چىڭ ساقلىنىشى كېرەك، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، خەلق قەھرىمانلىرى مەڭگۈ ھايات!» دېدى جۇڭگو قۇرۇلۇش گۇرۇھى شىنجاڭ قۇرۇلۇش (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى پارتكومى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ كادىرى سۈن شۆ ھاياجانلانغان ھالدا.

ئېلېكتر ئېنېرگىيە خىزمەتچىسى خې جېڭلىن مۇنداق دېدى: «مەن ۋە خىزمەتداشلىرىم چوقۇم ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، باشتىن - ئاخىر مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت ۋە توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش ھالىتىنى ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتىكى كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھ ۋە باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەشتىكى ئاڭلىق ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز».

### روھقا ۋارىسلىق قىلىش جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش

2014 - يىلى دۆلىتىمىز «ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنى» تەسىس قىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى تەشۋىق - تەربىيە بۆلۈمىنىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى ۋاڭ جيې ۋە خىزمەتداشلىرى قەھرىمانلار - قۇربانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى «سۆزلىگۈچى» ۋە قىزىل گېننىڭ تارقاتقۇچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش ئەسلىھەلىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىپ كەلدى.

«ھەر قېتىم ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسى ئالدىغا تىزىلغان لىققىدە گۈللەرنى كۆرگىنىمىزدە، قەبرىستانلىقتا ياغرىغان قىزىل ناخشىلارنى ئاڭلىغىنىمىزدا، كۆرگەزمە زالىدا كۆز يېشى قىلغان، قەددىنى توختىتىپ دىققەت بىلەن كۆرۈۋاتقان ئېكسكۇرسىيەچىلەرنى كۆرگىنىمىزدە، بىز قۇربانلارنى ياد ئېتىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۇق» دېدى ۋاڭ جيې. بىۋاسىتە تارقىتىشنى كۆرگەندىن كېيىن، چۈشەندۈرگۈچىلەر مۇنداق بىلدۈردى: قىزىل بازىدا يىلتىز تارتىپ، تېخىمۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قەھرىمانلار - قۇربانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ياخشى سۆزلەپ، قەھرىمانلار - قۇربانلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەڭگۈ نۇر چاچقۇزىمىز.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ سىستېمىسى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى تېلېۋىزور، تور ئارقىلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىنىڭ بىۋاسىتە تارقىتىلىشىنى ئاڭلاشقا، كۆرۈشكە تەشكىللىدى. «ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنى پائالىيىتىنى كۆرۈش ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى تەربىيەلەش ۋە ئۇلارغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن.»

(ئاخىرى 8 - بەتتە)